# «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ كەڭ، بىپايان زېمىنىدا تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ توپلىغان مەدەنىيەت ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئىنسانلارنىڭ تۈزۈم مەدەنىيلىكىدىكى پايدىلىق نەتىجىلەرنى ئۆرنەك قىلىش، پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارىخىي مۆۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئىزدىنىش يولىدا باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىش ——

2019 ـ يىلى 9 ـ ئاي، بېيجىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش زالىغا يېقىن بەلگىسى ئېگىز ئېسىلغانىدى.

مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بۇ يەردە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان 90 ياشلىق تيەن فۇدانىڭ خىياللىرى قاناتلىنىپ، ئىختىيارسىز ھالدا 70 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قايتتى.

ئۇ 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئىدى، جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا، ھەرقايسى ساھەدىكى داڭلىق ئەربابلار، مۆتىۋەرلەر يېڭى جۇڭگونى قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورتاق كېڭەشتى. شۇ يىلى 20 ياشقا كىرگەن تيەن فۇدا يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل سۈپىتىدە، ھاياجان ئىلكىدە، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»نى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى ھاياتىغا تەلپۈندى...

تۈزۈم —— دۆلەت ئەھۋالىنى مۇۋەققە قىلىش ئاساسىدا ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلىش، تەدرىجىي ياخشىلىنىش، ئىچكى مەنبەلىك ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، «غايىب چوققا»دىن بىرنى كۆچۈرۈپ كېلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

«پەقەت ئۆز دۆلىتىنىڭ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ، يېتەرلىك ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلغان تۈزۈملا ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ، ئەڭ ئەسقاتىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ھۆكۈمى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەمدە ئاساسىي قاتلام ئامما ئاپتونومىيە تۈزۈمى قاتارلىق تۈپ سىياسىي تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۈستىدە ئىزدىنىلدى...

70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ ماركسىزم ئاساسىي قائىدىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بىر يۈرۈش ئاجايىپ ئۈنۈملۈك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ تۈزۈم ئۇل تېشىنى پۇختىلىدى.

ئىزدىنىش يولىدا باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش ——

«كەنتكىلەرنى قەد كۆتۈرۈش كەنتى دەيدىكەنغۇ؟ قەد كۆتۈردۈڭلارمۇ؟» ئىلگىرى بۇ سوئال خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ لۇڭشەن ناھىيەسى قەد كۆتۈرۈش كەنتىنىڭ 51 ياشلىق كەنت ئاھالىسى لى خۇڭيۈننى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، كوچىلاردا ماڭغان چاغلىرىدا، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىغان لى خۇڭيۈن بېشىنى تىك تۇتۇپ: «مەن ھازىر باشقىلارنىڭ مەندىن ئاشۇنداق سورىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!» دەيدىغان بولدى.

ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدىكى ھەربىر خۇش چىرايلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئۇرغۇپ چىققان غايەت زور ئېنېرگىيەنى مەنبە قىلغان، تېخىمۇ مۇھىمى خەلقچىللىقنى روشەن ئالاھىدىلىك قىلغان بىر قاتار تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مەنبە قىلغان.

«بىرمۇ بالىنى ئوقۇشتىن چېكىندۈرمەسلىك»تەك مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈزۈمىدىن «تورتنى چوڭ ياساش، تېخىمۇ مۇھىمى، تورتنى ياخشى بۆلۈش»تىن ئىبارەت كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىگىچە، يەنە ھەقىقىي تۈردە خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىگە پۇختا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىگىچە... تۈزۈم ھەرگىزمۇ مۇزدەك ئەسۋاب بولماستىن، بەلكى قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان ھارارەتتۇر.

ھەممىدە خەلقنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى قاندۇرۇش ۋە ئادەمنىڭ ئومۇمیيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىممەت مەقسىتى قىلىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئەڭ ياخشى ئىزاھات بېرىلدى.

ئىزدىنىش يولى، باشتىن ـ ئاخىر ۋارىسلىق قىلىش، چىڭ ساقلاش داۋامىدا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ——

ئاقىللار ۋاقىت، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، دانالار ئىشقا بېقىپ تەدبىر تۈزىدۇ. ئىسلاھەت ئېچىۋېتىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمىگەن تۈزۈلمە مېخانىزمى ئالدىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا ئاتلانغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئاجايىپ سىياسىي جاسارىتى بىلەن «نەزەرىيەدىكى چەكلەنگەن رايون»نى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمگە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى قوشتى.

ۋاقىت بىلەن ۋەزىيەتنى ئېنىق كۆزىتىپ، «تۈزۈم» بىلەن «ئىدارە قىلىش»نى يۇغۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى «ئۆزگىرىش» بىلەن «ئۆزگەرمەسلىك»نى پۇختا ئىگىلەپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمیيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنىڭ روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى ——

سىستېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ھەربىي ئىشلار، تاشقى ئىشلار قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛

ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇشتا، تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇۋاپىق بولدى، تەرتىپى قاتتىق بولدى، قانۇنغىچە ئۇزارتىلدى؛

يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈنۈملۈك، تۈزۈملەر ئارىسىدىكى ئايلىنىش ماس، راۋان، تەرتىپلىك بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» يۈز بېرىپ، ئومۇمىي بىرىكمە كۈچ شەكىللەندى...

بىر چىمدىم ـ بىر چىمدىم توپىنى توختىماستىن يۆلەش ئارقىلىق، ئېگىز توپا تاغلارنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

مەۋقەنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور ئەۋزەللىكنى نامايان قىلىپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ غايەت ھەيۋەتلىك دولقۇنىدا جۇڭگو سەھىپىسى پۈتۈلدى.

## ئېگىزگە چىقىپ تېخىمۇ يىراققا نەزەر سېلىش ——

**100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مۇساپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىش شەرت**

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ياۋروپا مەركىزىي بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى دراگىي ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق پۇل سىياسىتى قەرەللىك يىغىنىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىر ئىزدا توختاپ قالغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلىغان، پۇل پاخاللىقى سىجىل پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، ئىقتىسادنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىدسىز كەيپىيات كۈنسېرى يۇقىرىلاۋاتقان پەيتتە، دراگىنىڭ ئىز باسارى ياۋرو رايونىدىكى قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرگە داۋاملىق يۈزلىنىدۇ.

نەزەر شەرققە ئاغدۇرۇلدى. ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6.2% ئاشتى، ئىستېمالنىڭ ئېشىشقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 60%تىن ئاشتى، پۈتۈن يىلدىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى... جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «ئۈچ پەسىللىك مەلۇمات جەدۋىلى» بېسىم ئاستىدا تېخىمۇ ئېلاستىكلىقنى نامايان قىلدى.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم بولۇشى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولغان ماكرولۇق تەڭشەشنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن.

«بىز ئىلگىرى نوپۇس ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىمەن بولغان ھەم ئۇزاق مۇددەت ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىمەن بولغان، ئەگەر سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ھاسىلاتقا ئېرىشسە، تۈزۈم جەھەتتە تېخىمۇ زور پايدا ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى چېن جىن.

كىچىك ئەقىل ئىشنى ئىدارە قىلىدۇ، چوڭ ئەقىل تۈزۈمنى ئىدارە قىلىدۇ.

ئالتە يىل ئىلگىرى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىسلاھات خەرىتىسى سىزىپ چىقىلىپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغۋار نىشان كۆرسىتىلدى — ئۇ بولسىمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ «سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى، پەن ـ تېخنىكا»دىن ئىبارەت تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن كېيىن، پارتىيەمىز ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك نىشانى بولۇپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىدى.

ئالتە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتە جۇڭگو قانداق يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ؟

تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم ئەڭ كەڭ، ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ ئەسقاتىدىغان دېموكراتىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى؛ ئاساسىي قانۇننى يادرو قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قانۇنچىل جۇڭگونى تىرىشىپ قۇردى؛ بىر قاتار تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان سىرتقا ئېچىۋېتىش تۈزۈمى ئارقىلىق، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر يۇغۇرۇلدى...

جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى سىياسەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەندە، جۇڭگو يەنە قانداق خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ؟

دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىشىدە، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرى تېخى تارقىلىپ بولالمىدى، يەر شارىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى تەتۈر ئېقىمغا دۇچ كەلدى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ئىنقىلابى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئەندىزىسىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىنى بارلىققا كەلتۈردى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك زور تەرەققىيات، زور ئۆزگىرىش، زور تەڭشەش كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ...

دىققەتنى ئۆزىمىزگە مەركەزلەشتۈرسەك، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇش ۋە ئۇزاققىچە تۇرۇش يەنىلا ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى، جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ھەم ئۇزاق بولىدۇ، تۈرلۈك خىرىس ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەر گىرەلىشىۋاتىدۇ، قاتلىنىۋاتىدۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسى زىممىمىزدە.

تېخىمۇ كۆپ «تەرەققىي قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى مەسىلىلەر»نى جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

چوڭقۇر سۇ رايونىغا كىرگەن ئىسلاھات ئىلگىرىلىگەنسېرى قارىغاندا ھەم ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا ھەم ئادىللىقنى قوغداشقا، ھەم رىقابەتلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈشكە ھەم تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىشقا، ھەم پەرقلەرگە ھۆرمەت قىلىشقا ھەم ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە تېخىمۇ موھتاج؛

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قەدەم قويۇش ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى، سىياسەت سىستېمىسى، ئۆلچەم سىستېمىسى قاتارلىقلارنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈشكە جىددىي موھتاج، شۇڭا تۈزۈم مۇھتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك...

خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تېخىمۇ كۆپ ئىنتىلىشىگە جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك:

تېز سۈرئەتتە يېتىپ كېلىۋاتقان قېرىلىشىش جەمئىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا قانداق قىلىپ زور ياشانغانلار توپىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشى، ياشانغاندا يۆلەنچۈكى بولۇشى، ياشانغاندا خۇشاللىقى بولۇشى، ياشانغاندا ماكانى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

«قالالمايدىغان شەھەر» ۋە «قايتالمايدىغان يېزا ـ كەنت»كە يۈزلەنگەندە، قانداق قىلىپ يۈزمىليونلىغان يېزا ئىگىلىكىدىن يۆتكەلگەن ئاھالىنىڭ «خاتىرجەم ياشايدىغان يۇرت»قا ئېرىشىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

...

تۈزۈم —— مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتە، تېخىمۇ ياخشى ھالدا دەۋر ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، تېخىمۇ ئىلمىي، مۇكەممەل تۈزۈم ئارقىلىق «ئىدارە قىلىشنى تۈرگۈزۈشتا سىستېما بولۇش، ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا تەرتىپ بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

31 ـ ئورۇن!

دۇنيا بانكىسى يېقىندا ئېلان قىلغان «پۈتۈن يەر شارى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى دوكلاتى 2020»دە كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگو 15 ئىسىم تەرتىپىنى ئاتلاپ، تۇنجى قېتىم پۈتۈن يەر شارى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى رەت تەرتىپىدە ئالدىنقى 40نىڭ قاتارىغا كىرگەن.

«يۇمشاق ئەمەلىي كۈچ»نىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنىڭ ئارقىسىدىكىسى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى: بېيجىڭدا بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتىلا نەمكەش ئۆينى يۆتكەپ تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغىلى بولىدۇ؛ شېنجېندا كارخانا تىجارەت كىنىشكىسىنى «سېكۇنتتا تەستىقلاش» ئىشقا ئاشتى...

خۇددى تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. تۈزۈمنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى تەرەققىياتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بەلگىلەيدۇ، تەرەققىيات مۇساپىسىمۇ تۈزۈمنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ كۈنسېرى يېڭىلىنىشىغا ماسلىشىپ، تۈزۈمنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئالىيبۇرۇن يېڭى دەۋر تېمىسىغا ئايلاندى.

«دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشى تۈزۈم، قانۇن قاتارلىقلارنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي ئامىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز، ئۈدا تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.» چىڭخۇا داشۆ دۆلەت ئەھۋالى تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى خۇ ئەنگاڭ مۇنداق دېدى: بۇ بىر جەريان چوقۇم ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىش، كۆچىيىش جەريانى بولىدۇ.

كۈنسېرى يېڭىلانمىسا، مۇقەررەر ھالدا كۈنسېرى چېكىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىللەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز بۇزۇپ تاشلاپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش داۋامىدا تۈزۈمنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرگەن، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاندىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسى ئاندىن يەنىمۇ ئۆسىدۇ.

ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە، ئۆزگەرمەس ئارزۇ ۋە بۇرچ.

دەۋر كوردىناتىنى ئۇزارتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى 100 يىللىق مۇساپىگە نەزەر سالساق، ئالغا ئىلگىرىلەش يولى تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ ——

«تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن، تېخىمۇ تۇراقلاشقان تۈزۈمنى شەكىللەندۈرۈشتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم مۇساپىسىنى بېسىپ بولدى، ئالدىنقى يېرىم مۇساپىدە بىزنىڭ ئاساسلىق تارىخىي ۋەزىپىمىز سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم بەرپا قىلىش ھەم بۇ ئاساستا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بولدى».

«كېيىنكى يېرىم مۇساپىدە، بىزنىڭ ئاساسلىق تارىخىي ۋەزىپىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، خەلقنىڭ بەختى، ئامانلىقى، ساغلاملىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى بىر يۈرۈش تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ ئەسقاتىدىغان تۈزۈم سىستېمىسى بىلەن تەمىنلەش».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەردانە سۆزلىرى بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ياراتقان شانلىق نەتىجىلەرنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا يېڭى ئۇلۇغ ئاتلىنىشنى باشلاپ بەردى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنى ئومۇمیيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسى ئېنىق سىزىپ چىقىلدى ——

2020 ـ يىلدىن 2035 ـ يىلغىچە، ئومۇمیيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا، يەنە 15 يىل كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 2035 ـ يىلدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يەنە 15 يىل كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىز باي ـ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

يېقىندا ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا بۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ——

پارتىيەمىز قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ 2035 ـ يىلغا بارغاندا، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئومۇمیيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىنىدۇ.

دەۋر ئېقىمغا ئۇيغۇنلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىش...

بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تارىخ يارىتىشتا بىزنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## يۇقىرىغا ئۆرلەشتە قەدەم توختاپ قالمايدۇ ——

**پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئومۇمیيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ، ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ**

ئارزۇ ئالدىمىزدا، يول تاپىنىمىز ئاستىدا.

ئىنتايىن ئاجايىپ باسقان يولىمىزغا قايتا قارىغىنىمىزدا، گۈللىنىشكە يېتەكلەيدىغان ئالدىمىزدىكى يولغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا بىز ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن، ھەرقانداق باسقۇچتىكىدىن تۈزۈم ئىشەنچىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ئارزۇغا ئىنتىلىش يېڭى مۇساپىسى ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەشكە تېخىمۇ موھتاج.

«جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكتە قىلچە تەۋرەنمەسلىك كېرەك ——

«كەيپىياتى داغدۇغىلىق، سەلتەنەتلىك، كەڭ كۆلەملىك، سالاپەتلىك، قائىدە ئۆلچەملىرى تەرتىپلىك، قائىدە ـ يوسۇن بىلەن مۇزىكا كىرىشتۈرۈلگەن»، ئەمدىلا ئاخىرلاشقان دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى دۆلەتنىڭ كاتتا مۇراسىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانى ھەيران قالدۇردى.

ئىسپانىيە «دۆلەت گېزىتى» تور بېكىتى مۇنداق باھا بەردى: «بۇ، ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار دۆلەت».

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىن مىنچىڭ مۇنداق قارىدى: «ئاچقۇچلۇقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقىلا، مۇشۇنداق كۈچلۈك تەشكىلىي كۈچ شەكىللەنگەن».

جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى.

70 يىلدىن بۇيان، دەل پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغاچقا، بىز نامرات، قالاق ھالەتتىن قەدەم ئېلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى شەرقتىكى قەدىمىي چوڭ دۆلەتتە يىلتىز تارتقۇزۇپ ئۆسۈپ يېتىلدۈردۇق، بىر خىل يېڭىچە دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى جۇڭگو زېمىنىدا مۇكەممەللەشتۈردۇق، تەرەققىي قىلدۇردۇق، سان ـ ساناقسىز بوران ـ چاپقۇن، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولدۇق.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)